


WALT DISNEY
دىسنى بالىلار دۇنياسى
شىر پادىشاھ
LION KING
CHISO
شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



## مېنىڭ كۇتۇپخانام

ماڭا بۇ كىتابنى سوۋغا

قىلغۇچى ____________

ئۇ بۇ كىتابنى ـ يىل ـ ئاي-


نىڭ ـ كۈنى سېتىۋالغان .

مېنىڭ ئىسمىم ـ فامىلەم

____________ .

— دىسنى بالىلار دۇنياسى —

# شىر پادشاھ



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

ئافرىقىدىكى بىر يايلاقتا مۇپاسسا ئىسىملىك شىر بولغانىكەن. ئۇ بۇ يەردىكى تۈرلۈك - تۈمەن ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى ئىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ خانىشى شارابىنىڭ كۆزى يورۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلار ئوغلىغا سىمبا دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان ھايۋانلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە سىمبانىڭ بۆشۈك توينى ئۆتكۈزۈپتۇ. پاراسەتلىك ھەم سېھىرگەر بابۇن بوۋا شاھزادە سىمبانىڭ ئۇستىگە بىر سىقىم قۇم سېپىپ دەس كۆتۈرگەنىكەن، ھايۋانلار تەنتەنە بىلەن تەخت ۋارىسىغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ.






www.uyghurkitap.com

سىمبانىڭ بۆشۈك تويىغا پادىشاھنىڭ ئىنىسى تۇبا قاتناشماپتۇ . پادىشاھ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگىلى بارسا ، ئىنىسى تۇبا ۋەزىر كەركىدان قۇش زۇفانى ھەدەپ بوزەك قىلىۋاتقان . پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ :

— قولۇڭنى تارت ! — دەپتۇ ۋە — ئېيتە ، مۇراسىمغا نېمىشقا بارمىدىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— تەخت ۋارىسى ئەسلى مەن تۇرسام ، — دەپتۇ تۇبا غۇدۇراپ ھەمدە پادىشاھ ئاكىسىغا ھۆرمەت بىلدۈرمەي قوپال چامداپ كېتىپ قاپتۇ .





كۈنلەر ئۆتۈپ ، ئايلار ئۆتۈپ شاھزادە سىمبا ھەممەيلەننىڭ ھەۋسى كەلگۈدەك تىمەن ھەم چېچەن ئۆسۈپتۇ . بىر سەھەرلىكى پادىشاھ مۇپاسا ئوردا قىيادا ئۇنىڭغا خانلىق يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىۋاتقاندا ، سىمبا شىمالدىكى ئەڭ يىراق بىر جاينى كۆرسىتىپ :

— ئۇ قەيەر ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ئۇ بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ يېرى ئەمەس بالام ، سەن ھەرگىز ئۇ يەرلەرگە ئاياغ باسما ، — دەپتۇ ئاتىسى . ئاتا ئوغلىغا يەنە مۇنداق دەپتۇ :

— ياخشى پادىشاھ بولۇش ئۈچۈن شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى : ئاجىز ۋە ياكى يىرتقۇچ ھايۋان بولسۇن ، ھەممىسىنىڭ ئانا ماكانى بولىدۇ ، بىر بىرىگە تايىنىپ ياشايدۇ .

www.uyghurkitap.com



بىر كۈنى سىمبا تەڭتۇشى ناناڭىنى ئەگەشتۇرۇپ ، شىر پادىشاھلىقىنىڭ تەۋەلىكى سىرتىدىكى پىل قەبرىستانلىقىغا بېرىپتۇ . ۋەزىر زۇفا خانىش شارابىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇلارغا بىلىندۇرمەي ئارقىدىن سوڭدىشىپ مېڭىپتۇ .

سىمبا ناناڭاي بىلەن قىن - قىنىغا پاتماي چېپىشىپتۇ .

— تاغام تۇبا ، پىل قەبرىستانلىقىغا بارالىغان شىر — باتۇر شىر دېگەندى ، بىز باتۇرمۇ ، ئەمەسمۇ ! — دەپتۇ سىمبا .

ئۇ ئىككىسى زۇفانى ئېزىقتۇرۇۋېتىپ قورقۇنچلۇق بىر قەبرە ئالدىغا كەپتۇ . پادىشاھنىڭ ئىنىسى تۇبا پادىشاھلىقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇزۇندىن بېرى سىمبانى ئۆلتۈرۈش قەستىدە يۈرگەنىكەن . دەل مۇشۇ چاغدا سىرتلان دەيدىغان ئۈچ يىرتقۇچ سىمبالارنى قورشىۋاپتۇ . بۇ ئىشلارنى قارانىيەت تۇبا ئورۇنلاشتۇرغانىكەن .

— شاھزادىنىڭ گۆشى چوقۇم مەززىلىك ، — دەپتۇ سىرتلانلارنىڭ كاتتىۋېشى چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ .


سىمبا بىلەن نانائاي قورقۇپ جېنىنىڭ بارىچە قېچىشىپتۇ . سىرتلانلار ئارقىسىدىن جان - جەھلى بىلەن قوغلاپتۇ .

دەل شۇ چاغدا ، شىر پادىشاھ مۇپاسسا ئۇلارنىڭ قېشىدا پەيدا بولۇپتۇ . ئۇ گۈلدۈرمامىدەك شۇنداق بىر نەرە تارتىپتۇكى ، سىرتلانلار ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي بەدەر قېچىپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، سىمبا بىلەن نانائاي خەتەردىن قۇتۇلۇپتۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



سىمبا ئۆزىنىڭ بەڭۋاشلىق قىلىپ قويغانلىقىدىن ناھايىتى خىجىل بولۇپتۇ . ئۇ شاھ ئاتىسىغا :

— باتۇرلۇقۇمنى سىناپ باقاي دېگەنىدىم . . . — دەپتۇ .

— ئوغلۇم ، باتۇر شىر ھەرگىز ئۆزىگە ئىش تېرىپ يۈرمەيدۇ ، — دەپتۇ ئاتا مۇلايىملىق بىلەن ، ئاندىن كۆكتىكى چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى كۆرسىتىپ ، — ئاشۇ يۇلتۇزلار ئالەمدىن ئۆتكەن پادىشاھ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدۇر . مەنمۇ بىر كۈنى شۇ ياققا كېتىمەن . لېكىن مەن ساڭا ھەر ۋاقىت مەدەتكار ؛ ھەر ۋاقىت ئىشلىرىڭغا يول كۆرسىتىپ تۇرىمەن ، — دەپتۇ .

تۇبا ھېلىقى ئۈچ سىرتلانغا :

— ھۇ نان قېپىلار ، نېمىشقا سىمبانى قاچۇرۇپ قويۇشتۇڭ ! — دەپ ھۆركىرەپتۇ .

— مۇپاسسا ھايات تۇرۇپ ئۇنى يوقاتقىلى بولمىغۇدەك ، — دەپتۇ سىرتلانلار .

— دۇرۇس ، — دەپتۇ تۇبا ، — مۇپاسسا بىلەن سىمبا ئۆلۈمگە لايىق . ئۇلار ئۆلۈپ تۈگەشسە پادىشاھلىق مېنىڭ بولىدۇ . مەن پادىشاھ بولسام ، مېنىڭ دۆلىتىم سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار بولىدۇ .



www.uyghurkitap.com

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ تۇبا يەنە سىمبانى ئالداپ جىلغىغا ئېلىپ كەپتۇ . بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سىرتلانلار گىنۇلار توپىنى ئۈركىتىپ جىلغىغا ھەيدەپتۇ . سانسىز گىنۇلار بەئەينى قىياندەك سىمبا تۇرغان تەرەپكە قېچىشىپتۇ . ئۇلار- نىڭ تۇياق ئاۋازى يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ . ئەسلىدە ، مەككار تۇبا شاھزادە سىمبانى گىنۇلارغا دەسسىتىپ ئۆلتۈرمەكچى ئىكەن - دە ! دەل شۇ چاغدا مۇپاسا چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ كېلىپ ئوغلىنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ . ئەمما ئۆزى گىنۇلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا قاپتۇ .

مۇپاسا ئاخىرقى نەپىسىنى يىغىپ قىياغا يامىشىپتۇ .

— ئىنىم ، قولۇمنى تارتىۋال . . . — دەپتۇ ئۇ قىيادىكى تۇباغا .

— ياشىغايلا پادىشاھىم ، — دەپتۇ تۇبا ھىجىيىپ ، ئاندىن ئاكىسى مۇپاسانى جىلغىغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ .



گىنۇلار توپى جىلغىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن سىمبا بېرىپ قارىسا ، ئاتىسى قانغا مىلەنگەن ھالەتتە ئېچىنىشلىق جان ئۈزگەنىكەن . سىمبا ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ئۆزىنى سەۋەبكار دەپ ئويلاپ قاتتىق ھەسرەت چېكىپتۇ .

مەككار تۇبا سىمباغا :

— تېز قاچ ، مەڭگۈ بۇ يەرگە كەلمە ! — دەپ توۋلاپتۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارقىدىنلا سىرتلانلار سىمبانى ئۆلتۈرگىلى كېلىشىپتۇ. سىمبا قاچە - قاچ، ئاخىر تىكەنلەر ئارىسىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆتۈپ خەتەردىن قۇتۇلۇپتۇ.

— بۇ يەرگە قايتا كەلگۈچى بولما! — دەپ قاۋاپتۇ سىرتلانلار.

تۇبا ئوردا قىياغا چىقىپ هايۋانلارغا:


— پادىشاھ مۇپاسا بىلەن شاھزادە سىمبا ئالەمدىن ئۆتتى. بۇگۈندىن باشلاپ مەن سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار! — دەپ جاكارلاپتۇ ۋە سىرتلانلارنى بۇ زېمىنغا باشلاپ كەپتۇ.

هايۋانلار بۇ ئىشتىن ناھايىتى قايغۇرۇپتۇ.





سىمبا بېشى قايغان تەرەپكە كېتىۋېرىپتۇ . ماڭە - ماڭ ، ئاخىر ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ . قوزغۇنلار ئۇنى ئۆلدى ، دەپ ئويلاپ يېيىش ئۈچۈن بېشىدا ئەگىۋاتقاندا ، ئىككى بۇرادەر ئۇنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ . ئۇلار ئورمانلىقتا بىللە ياشاۋاتقان ساددا توڭگۇز بىلەن چېچەن ئاغمىخان ئىكەن . ئۇلار سىمبانى ئورمانلىققا ئەكېتىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپتۇ .



توڭگۇز ۋە ئاغمىخاننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن سىمبانىڭ سالامەتلىكى تېز ئەسلىگە كەپتۇ . بىراق سىمبا ئاشۇ كۈندىكى ئىشلارنى زادى ئۇنتۇيالماي غەشلىكتە يۈرىدىكەن . توڭگۇز بىلەن ئاغمىخان ئۇنىڭغا : «ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتى ـ كەتتى ، ئورنىغا كەلمەيدۇ . بولدى ، كۆڭلۈڭنى بۇزۇپ يۈرمە ، ئەتە نېمە ئىشلار بولىدۇ ، بۇنىڭ بىلەنمۇ كارىڭ بولمىسۇن ، بىر كۈنىڭ ياخشى ئۆتسە شۇنىڭغا شۈكۈر قىلىپ ئۆتكۈلۈك» دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن .

كۈنلەر ئۆتۈپ ، ئايلار ئۆتۈپ سىمبا ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك بارغا شۈكۈر ـ قانائەت قىلىدىغان لايىغەزەل مەخلۇق بولۇپ قاپتۇ ، شۇنداقلا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قامىتى زورىيىپ ، قورام تاشتەك ھەيۋەتلىك شىر بولۇپ يېتىلىپتۇ .

بىر كۈنى بىر چىشى شىر ئاغمىخاننى ئوۋلىماقچى بولغاندا ، سىمبا ھېلىقى شىر بىلەن ئېلىشىپتۇ . ئېلىشىۋېتىپ ، سىمبا ئۇنى تونۇپ قاپتۇ . ئوھوي ، بۇ كىچىكىدە بىللە ئوينىغان نانائاي ئىكەنغۇ !

نانائاي سىمبانى ئۆلۈپ كەتتى ، دەپ يۈرگەنىكەن .

— تونۇيالمىغىلى تاسلا قاپتىمەن ، — دەپتۇ سىمبا خۇش بولۇپ .

راست ئەمەسمۇ ، ئۇلار چوپچوڭلا بولۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ !



www.uyghurkitap.com

كەچقۇرۇن ، ئۇلار ئورمانلىقتا سەيلە قىلغاچ مۇڭدىشىپتۇ .


— تۇبا پادىشاھ بولۇپ ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى . مەن ئەمدى بىزنى بۇ زۇلۇمدىن كىممۇ قۇتقۇزار ، دەپ يۈرگەنىدىم ، — دەپتۇ نانائاي .

— بولدى ، ئۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى ، ئىككىيلەن بۇ يەردە قېلىپ بىللە كۈن كەچۈرەيلى ، — دەپتۇ سىمبا نانائايغا .



— سەن بىزنىڭ بولغۇسى پادىشاھىمىز تۇرساڭ، — دەپتۇ نانائاي، — پادىشاھ دېگەن پۇقرالىرىدىن يۈز ئۆرۈسە بولامدۇ! پۇقرالىرىڭ، ھەتتا ئاناڭ خورلىنىپ ياشاۋاتسا بۇنىڭغا قانداقچە يۈرىكىڭ چىدايدۇ؟!

— قايتىپ بارغۇم يوق، — دەپتۇ سىمبا ئاھ ئۇرۇپ. چۈنكى سىمبا ئاتىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى ئۆزىدىن كۆرگەچكە، ئۆز ئېلىگە قايتىشتىن خىجىل بولىدىكەن.



www.uyghurkitap.com



شۇ كەچلىكى ، دانىشمەن بابون بوۋا سىرلىق هالدا سىمبانىڭ قېشىدا پەيدا بولۇپ مۇنداق دەپتۇ :

— سېنىڭ ئاتاڭ مۇپاسادۇر ، ئۇ هەر ۋاقىت ساڭا هەمراهتۇر !


بىردىن ، يۇلتۇزلار ئارىسىدا مۇپاسانىڭ قىياپىتى كۆرۈنۈپتۇ . سىمبا ئاتىسى مۇپاسانىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ :

— ئوغلۇم ، سەن ئالەمدە تەڭدىشى يوق ئەزىمەت سەن . سەن هەقىقىي تەخت ۋارىسى سەن . تۇر جايىڭدىن ، دەرهال ئۆيۈڭگە قايت ! . . .

ئاتىسىنىڭ قىياپىتى ئاستا ـ ئاستا يوقاپتۇ .
سىمبا :
— ئاتا ، كەتمەڭ ! — دەپ توۋلاپتۇ .
ئاخىر ، سىمبا ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ .



www.uyghurkitap.com



ئەتىسى سەھەردە نانائاي ئويغانسا ، سىمبا يوق تۇرغۇدەك . توڭگۇز بىلەن ئاغمىخانمۇ سىمبانى ئىزدەپتۇ . شۇ چاغدا ئورمانلىقتىن :


— شاھزادە قايتىپ كەتتى ! — دېگەن سىرلىق سادا كەپتۇ .

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىمباغا ھەمدەمدە بولغىلى يولغا چىقىپتۇ .

سىمبا قاش قارايغان ۋاقىتتا ئۆز دۆلىتىدىكى ئوردا قىياغا يېتىپ كەپتۇ . قارىغۇدەك بولسا ، ئەتراپ خارابىيلىككە ئايلانغان .

سىمبا بۇ يەرگە قەدەم قويۇشى بىلەن گۈركىرەپ بوران چىقىپ چاقماقلار چېقىلىشقا باشلاپتۇ .

سىمبا مەككار تۇبانىڭ ھەدەپ ئانىسى شارابىنى دۇمبالاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە ، تۇباغا ئوقتەك ئېتىلىپتۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىمبا تۇباغا :


— مەن قايتىپ كەلدىم . قاچامسەن ، ئىلشامسەن ئۆزۈڭ تاللا ! — دەپتۇ .

— ھۆ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ! — دەپتۇ تۇبا ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلىپ .

ئۇلار ھۆركىرىگەنچە بىر - بىرىگە ئېتىلىپتۇ . ئۇلار بىر قەپەس ئېلىشىپتۇ . سىمبا دىققەتسىزلىك قىلىپ قيادىن چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ .

تۇبا قيادا ساڭگىلاپ قالغان سىمباغا :

— سەن ئۆلۈشتىن بۇرۇن ساڭا بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەي ، ئەسلى ئاتاڭنى مەن ئۆلتۈرگەن ، — دەپتۇ .






—قاتىل ! — سىمبا غەزەپتىن ۋۇجۇدى پۈتمەس كۈچكە تولۇپتۇ . ئۇ قىياغا
رغىپ چىقىپ تۇبانى ئاستىغا بېسىۋاپتۇ . تۇبا ئۆزىنىڭ سىمباغا تەڭ كېلەلمەيدىغان-
سىغا كۆزى يېتىپ ئۇنىڭدىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ . سىمبا ئۇنىڭغا بۇ دۆلەتتىن
شنى بۇيرۇپتۇ . تۇبا ماقۇل بولغاندەك قىلىپ تۇيۇقسىز سىمباغا ئېتىلىپتۇ . سىمبا
قانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە تارتىپتىكەن ، تۇبا ئۆزىنى توختىتىۋالالماي قىيادىن
ۇڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ . ئۇنىڭ كۇكۇم - تالقان بولغان تېنى سىرتلانلارنىڭ
بىر ۋاخ تاماقى بوپتۇ .

بۇ چاغدا يامغۇر شارقىراپ يېغىپ كېتىپتۇ . تۇبا تەختنى تارتىۋالغاندىن تارتىپ
امغۇر يېغىپ باقمىغانىكەن . قاقاسلىشىپ كەتكەن ئەتراپ بۈگۈن يامغۇر سۈيىگە تازا
تۇ . سىمبا پادىشاھ بوپتۇ . پۇقرالار شاد - خۇراملىقتا چۆمۈپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پادىشاھ سىمبا ئەلدە تىنچلىق ، باياشات-
لىق ئورنىتىپتۇ . كۆپ ئۆتمەي ناناكاي ئۇ-
نىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپتۇ . ھايۋانلار
بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ تەنتەنە قىلىشىپتۇ .

مەسئۇل مۇھەررىرى: قەلبىنۇر مەمتىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: دىليار تۇرسۇن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: مۇراددىل ئابىد

**图书在版编目(CIP)数据**

迪斯尼儿童故事：1，狮子王：维吾尔文/阿布里克木·艾山编译. --乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2016.1
ISBN 978-7-5515-6630-8

Ⅰ.① 迪… Ⅱ.① 阿… Ⅲ.① 儿童故事-作品集-世界-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I18

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第141587号

دىسنى باللار دۇنياسى —

**شىر پادىشاھ**

**狮子王 (1)**

تەرجىمە قىلىپ تۈزگۈچى: **ئابلىكىم ھەسەن**

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
新疆青少年出版社出版
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 - نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىلۇڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 م م، 20 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 1.2
2016 - يىلى 1 - ئاي 2 - نەشرى
2017 - يىلى 3 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5515 - 6630 - 8
باھاسى: 5.00 يۈەن

---

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : مۇرادىل ئابىد






شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
ISBN 978-7-5515-6630-8
9 787551 566308 >
باھاسى: 5.00 يۈەن